
شەھىد ئابدۇلئەھەد مەخسۇم ھاجىمنىڭ
قىسقىچە تەرجىمىھالى
مېھرىبان ئاللاھ ، ئۇستازىمىزنىڭ شاھادىتىنى قوبۇل قىلسۇن

# ئابدۇلئەھەد مەخسۇم ھاجىم

ئابدۇلئەھەد مەخسۇم ھاجىم دىيارىمىزدىكى پۈتۈن جامائەت ئەھلى ھەقىقىي ئېتىراپ قىلغان، جاھالەت قاراڭغۇلۇقىنى ئى- لىم نۇرى بىلەن يورۇتۇپ، جەمئىيەتنىڭ ئىناق - ئىتتىپاقلىقى ئۈچۈن دىنىي ۋە مەنىۋى جەھەتتىن پىداكارلىق كۆرسەتكەن يې- گانە، مول ھوسۇللۇق ئالىمدۇر.

ئابدۇلئەھەد مەخسۇم ھاجىم مىلادىيە 1932 - يىلى قاراقاش ناھىيەسىنىڭ دارىسكال كەنتىدە، بارات ئاخۇن ئىسىملىك ئۆلىما ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. بۇ دىنىي ئالىم بالىلىق دەۋرىنى قو- يۇق دىنىي مۇھىت ئىچىدە ئۆتكۈزىدۇ. بوۋاقلىق يۇمران چاغلى- رىدىن تارتىپ غەمگۇزار ئاتىسى بارات ئاخۇن داموللام، مېھرىبان ئانىسى بۇۋى مەريەم خېنىملارنىڭ كۈچلۈك ئائىلە تەربىيەسىدە زاتەن تەبئىي، نەسەب پاكلىقىنى جاندىن ئەزىز قەدىرلىگەن ھالدا، كىرسىز ساقلاپ، جەمئىيەتنىڭ ئىچكى - تاشقى قاتلاملى- رىدىكى ئىختىلاپ، غەيرىي مەشرۇھ(پىتنە - پاسات) سۆز - ھە- رىكەتلەردىن ئىلگىرى - كېيىن ئادا - جۇدا تۇرىدۇ. ئۇلۇغ قۇر- ئان كەرىمنىڭ پارلاق كۆرسەتمىلىرىنى، ھەدىس شەرىپنىڭ مۇ- قەددەس تەلىماتلىرىنى جان تىكىپ قوغداپ كەلدى.

ئابدۇلئەھەد مەخسۇم ئىككى ياشقا كىرە - كىرمەيلا ئاتىسى بارات ئاخۇن داموللام 1930 - يىللارنىڭ ئاخىرلىرىدا فاشىست- لىق، ئەكسىيەتچى ھاكىمىيەت تەرىپىدىن پاجىئەلىك ھالدا تۇت-

ۇن قىلىنىپ، جاللات شىڭ شىسەينىڭ قانلىق قولىدا شاھادەت
ياپقاندى.

ئابدۇلئەھەد مەخسۇم ھاجىمنىڭ تۇغۇلۇپ ـ ئۆسۈپ، چوڭ
بولغان ئائىلىسىنىڭ تۇرمۇش ـ مەئىشەت ئەھۋالى ئەمەس، دى-
ـنى ۋە سىياسىي ئەھۋالى ھەققىدە سىرتتىن ئاڭلىغان، شۇنداقلا
بىلگەنلىرىمنى، قىسقىچە بولسىمۇ، قەدىرى ئەھۋال تونۇشتۇرۇپ
ئۆتۈشنى مۇۋاپىق تاپتىم. خاتا كەتكەن جايلىرىنى ئېنىق بىلگۈ-
چى دوستلار ئەپۇ قەلىمى بىلەن تۈزەتكەي.

مىلادىيە 1949 ـ يىلىدىن بۇرۇنقى قاراقاش ناھىيە بازىرى-
نىڭ جەنۇبىي ئېتىكى ئادەتتە «ئۈيباغ» دەپ ئاتىلاتتى. ھازىرقى
قاراقاش ناھىيەلىك 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئارقا تەرىپىدە، يې-
زىدىن ناھىيە بازىرىغا كىرىشتىكى چوڭ يول ئېغىزىدا بىر ـ
بىرىگە ئۇدۇل قاراپ تۇرىدىغان دەرۋازىلىرى، پەشتاق ـ مۇنارى-
لىرى ھەيۋەتلىك ئىككى مەدرىسە بار ئىدى.

تارىخىي مەلۇماتلاردىن بىلىشىمىزچە، مەزكۇر مەدرىسەلەر-
نىڭ ئەسلى بانىيسى(بىنا قىلغۇچىسى) ئاتالمىش نىسارى مە-
سۇمخان داموللا ھەزرىتىم ھەزرىتىمنىڭ چوڭ بوۋىسى ئۇلۇغ ھەزرىتىم
ئىكەنلىكى قەيت قىلىنىدۇ. بىر قاراپلا مەدرىسەلەرنىڭ خېلى
ئۇزاق تارىخقا ئىگە ئىكەنلىكىنى بىلىۋالغىلى بولاتتى. مەدرىسە-
لەرنىڭ ئىچكى ـ تاشقى قۇرۇلمىلىرىمۇ ئالاھىدە بولۇپ، قەدىمىي
ئۇيغۇر مېمارچىلىقىنىڭ ئۇلگىسىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ، يىراق-
تىنلا ئاي ـ يۇلتۇزلۇق پەشتاق ـ مۇنارىلىرى كىشىلەرنىڭ دىق-
قىتىنى ئۆزىگە جەلپ قىلىپلا تۇراتتى.

بۇ قوش مەدرىسەگە نىسارى مەسۇمخان داموللا ھەزرىتىم
مۇدەررىسلىك قىلاتتى. مەدرىسەلەرنىڭ ئوڭ يان تەرىپىدە خۇددى
قاشتاشتەك سۈزۈك سۇ ئۇزۇلمەي، غەربتىن شەرققە قاراپ يولنى

كىسىپ ئاقىدىغان چوڭ ئېرىق بار ئىدى. مۇشۇ ئېرىقنى بويلاپ ئولتۇراقلاشقان بىرقاتار دېھقان ئائىلىلىرى بولۇپ، بۇلار دېھقانچىلىقتىن سىرتقى چاغلاردا يەرلىك ئۇسۇلدا سوپۇن ئىشلەپچىقىرىش كەسپى بىلەن شۇغۇللانغاچقا، بۇ مەھەللە «سوپۇنچىلار مەھەللىسى» دەپ ئاتالغان. مەزكۇر مەھەللە ھازىرغىچە ساقلىنىپ كەلگەن.

يولنىڭ شەرق تەرىپىدىكى مەدرىسەنىڭ نېرىسىدا ئالاھىدە يولدا ۋەخپە قىلىنغان كۆلىمى ناھايىتى چوڭ شاپتۇلزارلىق باغ بار ئىدى. شاپتۇللار بىراقلا پىشماستىن، نۆۋەت بويىچە ئارقا ـ ئارقىدىن ئۇلىشىپ مەي باغلاپ پىشاتتى. سىراپچىلىق ھۆكۈم سۈرەتتى. باغدىن شەھەر ئاھالىلىرى، يولۇچىلار، مۇساپىرلار، ئوقۇغۇچى ـ تالىپلار خالىغان ۋاقىتتا كىرىپ شاپتۇل يەپ سىراپ بولۇشۇپ، دۇئا ـ تەكبىر قىلىشىپ قايتاتتى. باغنى دېھقان سۈپەت، ياۋاش، 50 ياشلار ئەتراپىدىكى تەقۋادار بىر زات باشقۇراتتى. بۇ كىشىنىڭ ئىسمى شىرىپ غۇلام سۇبۇتىللاخان ئىدى.

نىسارى مەسۇمخان داموللا ھەزرىتىمنىڭ داڭقى ـ شۆھرىتى يىراق ـ يىراقلارغا تارقىلىدۇ. ناھىيە ھەتتا ۋىلايەت ئاتلاپ يۇرتىمىز شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن تۈركۈم ـ تۈركۈملەپ ئىلىم تەلەپ قىلغۇچى ئوقۇغۇچى ـ شاگىرتلار كېلىپ، ئۇستاز داموللا ھەزرەتنىڭ ھۇزۇرىدا بەس ـ بەستە قىزغىن ئىجتىھات بىلەن ئىلىم تەھسىل قىلىشقا باشلايدۇ.

مەدرىسەلەرگە ئوقۇغۇچى ـ تالىپلار سىغمىغانلىقتىن، ئۇلارنىڭ ئاتا ـ ئانىلىرى ئۆز بىساتىدىن پۇل، ياغاچ ـ تاش... قاتارلىق كېرەكلىك ئەشيالارنى سەرپ قىلىپ، ئەتراپتىكى بوش ـ بىكار يەرلەرگە ھۇجرا بىنا قىلىپ، پەرزەنت ـ تالىپلارنىڭ خا-

تىرجىمە ھالدا دىنىي ئىلىم تەھسىل قىلىشى ئۈچۈن شارائىت ھازىرلاپ بېرىشكەن.

دېمەك، مىلادىيە 1920 ـ، 1925 ـ يىللاردا دىيارىمىز قارا-قاش جەنۇبىي شىنجاڭ بويىچە دىنىي ئىلىمنىڭ ئۈچىقىغا ئايلان-غان بولۇپ، مانا بۇ، خوتەندە دىنىي مەدرىسە مائارىپى راسا گۈل-لەنگەن بەرىكەتلىك، سائادەتمەن يىللار ئىدى.

ئۇستاز داموللا ھەزرەتنىڭ پېشقەدەم، تەھسىلاتى ھەممىدىن يۇقىرى، تارىخ ئىلىمگە باي، تەپەككۇر قابىلىيىتى ئۈستۈن، ئالاھىدە خاسىيەتلىك شاگىرتى مۇھەممەد ئىمىن ئاخۇن داموللام ئىدى.

ئىھ!...ئۇنتۇلماس 1958 ـ يىل!

كىم ئۇنتۇسۇن ئۇ ۋەتەنپەرۋەر، بىگۇناھ دىنىي زاتلار ھەمدە مىللەتپەرۋەر ئىلىم ـ پەن ئۇيغۇر زىيالىيلىرى ئۈچۈن تار ۋە قاراڭغۇ بولغان ئۇ مۇدھىش زامان، مۇناسىۋەتلىك يىللارنى؟!

ئابدۇلئەھەد مەخسۇم بىلەن زاۋۇلىق مۇھەممەد ئىمىن باھا-ۋىردىن قارىملارغا ئەينى چاغدىكى خوتەن ۋىلايىتىنىڭ سولچىل ئوتتۇرا سوت تەرىپىدىن ئايرىم ـ ئايرىم 12 يىللىق قاماق جازا-سى ھۆكۈم قىلىندى. 12 يىل !...

پېقىر كەمىنىمۇ خۇددى ئاشۇ 1958 ـ يىل 7 ـ، 8 ـ، 9 ـ، 10 ـ ئايلاردا خوتەن ۋىلايىتى بويىچە ئېلىپ بېرىلغان ئاتالمىش ئوتتۇرا دەرىجىلىك كەڭ مائارىپچىلارنىڭ «ئىستىل تۈزىتىش ھەرىكىتى»دىن ئىبارەت بالايىئاپەتنىڭ ئاچچىق شۇۋۇرغانلىرىدا بەرگىدىن ئاجراپ سارغىيىپ ھەريان ئۇچقان ياپراقتەك. لەنەت تەككۈر خوتەن تۈرمىسىنىڭ ئىشتىھالىق كامېرلىرىغا يەم بول-دۇم. مەنمۇ خۇددى ئوخشاشلا ۋىلايەتلىك سوت تەرىپىدىن 12 يىللىق قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنغاندىم.

دېمەك، دېلو ئايرىم - ئايرىم بولسىمۇ، ئابدۇلئەھەد مەخسۇم بىلەن تەقدىرداش ئىدۇق.

جازا ھۆكۈم قىلىنىپ بولغاندىن كېيىن، ئەزەلدىن ئادەمىزاتنىڭ ئاياغ ئىزى چۈشمىگەن دەشت - چۆللەرگە قۇرۇلغان «ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش دېھقانچىلىق مەيدانى» دەپ ئاتىلغان جازا لاگېرىغا تاپشۇرۇلدۇق. ئاچلىق، تاقەتتىن تاشقىرى ئېغىر ئەمگەك، دەشنەم، روھىي زەربە، قەبىھ تىل - ھاقارەتلەرنى بېشىمىزدىن كەچۈرۈپ، ئاخىر تاغدەك كۆرۈنۈپ تۇرغان 12 يىللىق قانۇنني جازانى مىڭ ئۆلۈپ، مىڭ بىر تىرىلىپ تاماملىدۇق.

بۇ 12 كۈن، ياكى 12 ئاي ئەمەس، 12 يىل!...

ئەمدى قانۇن ئۆز لەۋزى، ئۆز ئىناۋەت - ئابرۇيى بويىچە بىزنى شەرتسىز قويۇپ بېرىشى كېرەك ئىدى. ئەپسۇسكى چېكىدىن ئاشقان سولچىل قانۇن ئۇنداق قىلمىدى. 12 يىللىق قانۇنني جازانى كەم - كۈتىسىز تولۇق ئىجرا قىلىپ بولۇپمۇ يەنە ئىنسانني ئەركىنلىككە ئېرىشەلمىدۇق. سولچىل دېكتاتورا يەنە بېشىمىزدىن كەتمىدى. ساختا قانۇن، ساختا سىياسەتنى ئۆزىگە كەسىپ قىلغان ئەينى يىللاردىكى بىنومۇس سولچىل ھاكىمىيەت سىياسىي قانۇن ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش سىستېمىسىدا «يېڭى ھايات» دېگەن نامى چىرايلىق غەلىتە قۇرۇلمىنى پەيدا قىلىپ، ھۆكۈم قىلىنغان جازانى ئادا قىلىپ بولغانلارنى يەنە مەجبۇرىي تۇتۇپ قېلىپ ئەرزىمەس ئىش ھەققىگە گوللاپ بىرقانچە يىل قۇللارچە ئىشلەتتى. قورال كۈچىگە تايىنىپ، قان - تەرىمىزدىن بىرمەزگىل ھېساپسىز بايلىقلارنى توپلىۋالدى. بۇ سىياسىي سىرتماقتىن قۇتۇلۇشنىڭ بىردىنبىر يولى پەقەت قېچىشلا ئىدى. بۇنىڭدىن باشقا ئامال يوق ئىدى. شۇڭا قىممەتلىك چەكلىك ھاياتنىڭ داۋاملىق دېكتاتورا ئاستىدا خارلىنىپ ھايۋانلارچە ئۆز-

تۆۋېرىشنى ئۆزلىرىنىڭ ئىنسانلىق شەرىپى ئۈچۈن ئار - نومۇس بىلگەن ئادەملەر پۇرسەت تاپسىلا هازىرقى زامان تۈرمىلىرىنىڭ ئىككىنچى ۋارىيانتى(شەكلى)بولغان «يېڭى هايات» قورشاۋىدىن قېچىشقا باشلىدى.

ئابدۇلئەھەد مەخسۇممۇ مانا مۇشۇ لەنىتى، رودىپاي «يېڭى هايات» ئەترىتىدە قانۇنىي جازانىڭ سىرتىدا ئىككى يىل ئىشلەشكە مەجبۇرلاندى. ئەسلىدە خوتەن ۋىلايەتلىك ئوتتۇرا سوت تەرىپىدىن 12 يىللىق قاماق جازاسىغا هۆكۈم قىلىنغان بولسىمۇ، يەنىلا «يېڭى هايات» ئەترىتىدىن ئىبارەت سىياسىي قىلتاقتا، ئەركىنلىكتىن مەھرۇم هالدا، ناھەق ئىشلەشكە مەجبۇرلانغان. بۇ ئىككى يىلنى قوشقاندا ئەمەلىيەتتە 14 يىل ئىشلىگەن بولىدۇ.

هاياتلىقنى سېتىۋالغىلى بولمايدۇ. ئابدۇلئەھەد مەخسۇمنىڭلا ئەمەس، بۇ خىل ئەركىنلىكتىن مەھرۇم قىلىش تەدبىرلىرى ھېسسىي قابىلىيەتكە ئىگە ھەرقانداق بىر ئىنسان زاتىنىڭ نارازىلىقىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشى، ئەلۋەتتە تەبىئىي ئەھۋال. ئابدۇلئەھەد مەخسۇم ئامالسىز هالدا «يېڭى هايات» دېگەن تۈتۈپ قېلىپ ئىشلىتىش مۇددىتىنىڭ چەت - چېگرىسى بولمىغان رودىپاي تەشكىلدىن قېچىپ، جەمئىيەتتە ئاشكارىلىنالماي، بىر مەزگىل يۇشۇرۇنۇپ يۈردى. كېيىن مېھرىبان تەڭرىم نىجاتلىق ئاتا قىلدى. ئائىلىگە قايتىپ ئېغىر جۇدالىققا خاتىمە بېرىپ، ئانا - بالا، ھەمشىرە، جەددە - جەمەتلەر بىر - بىرى بىلەن دىدارلىشىپ دىدار تەشنالىقىنى قاندۇرۇشتى. قۇدرەتلىك، ھېكمەتلىك ئاللاھ بۇۋى مەريەم خېنىم، ئابدۇلئەھەد مەخسۇم ئانا - بالا ئىككەيلەنگەن سەئۇدى ئەرەبىستانغا بېرىپ ھەج تاۋاپ قىلىشتەك ئۇلۇغ مەقسەتكە ئېرىشىشنى مۇيەسسەر(ئاسان) قىلدى. ئۇلار ئۇ-

لۇغ «ھەرەمەين»نىڭ «ھاجى»لىق شەرىپىنىڭ ساھىبى بولۇپ قالدى.

ئابدۇلئەھەد مەخسۇم بۇ يۇكسەك ئىلتىپاتلارنىڭ شۇكرانىسى ئۈچۈن پۈتۈن دىيارىمىزدىكى تەلپۈنۈپ تۇرغان مۇسۇلمان ياشلىرىغا زېرىكىش ۋە چارچاشنى بىلمىگەن ھالدا، ئەنئەنىۋى دىنىي ئىلىمدىن دەرس ئۆگىتىشكە باشلاپ، ئۇلارنىڭ ئىلىم تەشنالىقىنى قاندۇرىدۇ.

تەجرىبىلەردىن بىزگە شۇ ئايان بولدىكى، جەمئىيەت قاتىملى ئىنتايىن مۇرەككەپ بولۇپ، روھى ساغلام بولمىغان بەزى ئادەملەر جان بېقىش ھەلەكچىلىكىدە ھەرقانداق بىنومۇس رەزىللىكلەرنى قىلىشتىن باش تارتمايدۇ. ئۇلار ھەسەتخورلۇق قىلىپ جەمئىيەتكە ئۆزلىرىنىڭ ئىلمىي كامالىتى، ئەخلاق - پەزىلىتى ئارقىلىق كۈچلۈك ئىجابىي تەسىر كۆرسىتىپ، ئىجتىمائىي كەيپىياتنىڭ تىنچ - مۇقىملىقىغا تۆھپە قوشۇۋاتقان ياخشى ئۆلىمالىرىمىزنىڭ ئۈستىدىن يالغان - ياۋىداق ئېغۋالارنى تارقىتىش بىلەن جەمئىيەت تەرتىپىنى بۇزىدۇ، ئۇلار ئىناق - ئىتتىپاقلىقنىڭ دۈشمەنلىرىدۇر. بۈگۈنكى تىنچ، ياخشى، مۇقىم ۋەزىيەت بۇنداق ئىجتىمائىي ئىللەتلەرگە يول قويمايدۇ.

بۈيۈك ئالىم ئابدۇلئەھەد مەخسۇم ھاجىم ئۆتكەن بىر چاغلاردا ئايرىم يامان غەرەزلىك شەخسلەرنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچرىغان بولسىمۇ، يەنىلا ئۆزىنى بەردەم تۇتۇپ، جەمئىيەت ئىشلىرىغا تېگىشلىك تۆھپىلەرنى قوشماقتا.

تەڭرىمگە شۈكۈرلەر بولسۇنكى، ئابدۇلئەھەد مەخسۇم ھاجىم يۇرتىمىزنىڭ قوينىغا تىنچ - ئامان قايتىپ كەلدى. ھازىر ئەچچە ياشلىق بۇ ئالىم خوتەن شامالباغدىكى ئائىلىسىدە خاتىرجەم ھالدا بالا - چاقىلىرى بىلەن بىللە ئاخىرقى ئۆمرىنى ئۆتكۈ-

كۆزمەكتە.

* *

مۆھتەرەم ئوقۇرمەنلىرىمىز، زامانىمىزنىڭ يېتۈك دىنىي ئالىمى ئابدۇلئەھەد مەخسۇم ھاجىمنىڭ تەرجىمھالى ھەققىدە قەلەم تەۋرىتىشكە لايىق ئەمەس ئىدىم. ئەمما، يازمىسام بولمايتتى. بىلگەنلىرىمنى ئامال بار يېزىشقا تىرىشتىم. خاتا كەتكەن، ئېنىق، تولۇق، توغرا بولمىغان تەرەپلىرىنى بىلگۈچى قېرىنداشلىرىمىزنىڭ ئادىل قەلىمى بىلەن تۈزىتىپ ۋە تولۇقلاپ، تەنقىد بېرىشلىرىنى ئۈمىد قىلىمەن.

مۇئەللىپتىن.


ئالىمنىڭ ئۆلۈمى ئىسلامغا كەتكەن دەزدۇر،
كېچە-كۈندۈزنىڭ ئالمىشىشى ئۇنىڭ ئورنىنى تولدۇرالمايدۇ.
-ھەسەن بەسرى
ئا.ئارمان